دۆلەتلىك «11 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى



# ئائىنىڭ كۆڭلى بالىدا



## ئومۇمىي ساۋات قىسمى

تۈزگۈچىلەر: ۋاڭ فاڭ قاتارلىقلار
رەسىمنى سىزغۇچىلار: لى چۈەنخۇا، جۇ چۈنگېن قاتارلىقلار

## 5–6 ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن

ئەڭ يېڭى نۇسخا

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

ئەڭ يېڭى نۇسخا

5 ــ 6 ياش

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

## ئومۇمىي ساۋات قىسمى



**图书在版编目（CIP）数据**

半小时妈妈．5~6岁．常识篇：维吾尔文/朱瑶等编；美力克·阿不都卡的译．—北京：民族出版社，2008.7
（托起明天的太阳．民文青少年读物丛书）
ISBN 978-7-105-09503-2

Ⅰ．半… Ⅱ．①朱…②美… Ⅲ．常识课—学前教育—教学参考资料—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．G613

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第108955号

本书根据浙江少年儿童出版社2006年6月第4版第36次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جېجياڭ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2006 - يىلى 6 - ئايدىكى 4 - نەشرى 36 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　译：美力克·阿不都卡的
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：海衣尔尼沙
制　　作：伊萨克江·伊布拉英

تەرجىمە قىلغۇچى: مەلىكە ئابدۇقادىر
مەسئۇل مۇھەررىر : خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنىسا روزى
بەتچىك : ئىسھاقجان ئىبراھىم

出版发行：民族出版社出版发行
http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010－64290862（维文室）邮编：100013
印　　刷：民族印刷厂印刷
开　　本：889毫米×1194毫米　1/24
印　　张：1.834
版　　次：2008年7月第1版　2008年7月北京第1次印刷
印　　数：0001—3000册
定　　价：5.00元
ISBN 978-7-105-09503-2/G.1703　（维404）

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
http://www.e56.com.cn
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2008-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2008-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889×1194م م. 24 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 1.834 سانى: 3000 — 0001
باھاسى: 5.00 يۈەن



# مۇندەرىجە


ئېيىقچاقنىڭ ئالدىنىپ قېلىشى ........................ 2
قابىل ئاشپەز ........................ 8
تۈرگە ئايرىش ( 1 ) ........................ 9
گۈل تەردىم ........................ 10
يولدىن ئېزىپ قالغاندا ........................ 12
قسقۇچپاقا نىمە ئۈچۈن قاپ تاشلايدۇ ........................ 14
ئۇلاردىن قايسىسى ئۆزگەردى ........................ 17
ئالما كۆچىتىنىڭ دوختۇر تەكلىپ قىلىشى ........................ 18
ئەقىللىق ئاق توشقان ........................ 22
مەدەنىي ھەرىكەت ........................ 24
ئائىلەم ........................ 28
تۈرگە ئايرىش ( 2 ) ........................ 30
يوپۇرماقنىڭ ئانىسىنى كۆرۈشى ........................ 31
دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت گېربى ........................ 34
تۆت چوڭ كەشپىيات ........................ 36
ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ........................ 38
جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى بايراملار ........................ 40




www.uyghurkitap.com

# ئېيىقچاقنىڭ ئالدىنىپ قېلىشى



1. ئورمانلىقتا بىر ئېيىقچاق بولۇپ، ئۇ ئەمگەكنى سۆيىدىكەن، بىراق ئانچە ئەقىللىق ئەمەس ئىكەن.

2. بىر كۈنى تۈلكە ئۇنىڭغا: «بىز بىرلىكتە بوز يەر ئېچىپ سەي تېرىيلى» دەپتۇ، ئېيىقچاق ماقۇل بوپتۇ.



3. ئىككىسى بىر پارچە بوز يەرنىڭ قېشىغا كەپتۇ. تۈلكە قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى، دەپتۇ. نەتىجىدە، ئېيىقچاق ئۆزى يالغۇز بىر پارچە سەيلىك يەر ئېچىپتۇ.



4. تۆلكــە مۆنداق دەپتــۇ: «بىز تىرىقچىلىق قىلىپ، نەرسـىلەردىن توپىنىڭ ئۈستىدىكىنى ئالامسەن، ياكى توپىنىــڭ تېگىدىكىنىمــۇ؟» ئېيىقچاق: «توپىنىڭ ئۈستىدىكىنى ئالىمەن.» دەپتۇ.



5. تۆلكــە: «ياخشــى، ئۇنداق بولسا تۇرۇپ تېرىيلى» دەپتۇ. ئېيىقچــاق ناھايىتى جاپــادا نۇرغۇنلىغــان تۇرۇپ تېرىپتۇ.




6. تۇرۇپنــى يۇلىدىغان پەيت كەپتــۇ. نەتىجىدە، تۆلكە ھەر يوغان تۇرۇپلارنى ئۆزىگــە تەقسىــم قىلىــپ، ئېيىقچاققا بىر دۆۋە تۇرۇپنىڭ كۆكىنى بېرىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

7. ئېيىقچاق، كېلەر قېتىم ھەرگىزمۇ ئالــدام خالتىغا چۈشمەســمەن، دەپ ئويلاپتۇ.





8. تۈلكە يەنە كەپتۇ. ئېيىقچاق: «بۇ قېتىم مەن توپىنىڭ تېگىدىكىنى ئالىمەن.» دەپتۇ. تۈلكە: «بولىدۇ، بۇ قېتىم بىز پەمىدۇر تېرىيلى» دەپتۇ.

9. ئۇلار ئىككىســى ئۇرۇقنى تېرىپتۇ. ئېيىقچــاق ناھايىتى ئىشــچان بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىپقىزىل، يوغان پەمىدۇرلار چۈشۈپتۇ.







10. نەتىجىدە تۈلكىگە پەمىدۇر، ئېيىقچاققا توپا ئاستىدىكى بىر دۆۋە پەمىدۇر يىلتىزى تەقسىم بوپتۇ. ئېيىقچاقنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ.



11. پىل مۇئەللىم ئېيىقچاققا مۇنداق دەپتۇ: «سېنىڭ ئالدانغانلىقىڭنىڭ سەۋەبى بىلىمىڭنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولغان!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



12. پىل مۇئەللىم ئېيىقچاققا نۇرغۇنلىغان يەر تېرىشقا ئائىت بىلىملەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

13. ئېيىقچـاق تۈلكىنى تېپىپ مۇنداق دەپتۇ: «بۇ قېتىم سـەن تاللىغـن.» تۈلكە ناھايىتى ھېيلىگەر بولغاچقا مۇنداق دەپتۇ: «مەن يەرنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدىكىنىڭ ھەممىسنى ئالىمەن».



www.uyghurkitap.com



14. ئېيىقچاق: «بولىدۇ، ئۇنداقتا مەن ئوتتۇرىدىكىنى ئالىمەن.» دەپتۇ ـ دە، ئالدىراش تەييارلىققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. (بالىنىڭ ئۆزىگە ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى توقۇتۇش ياكى بالىدىن ئېيىقچاق نېمە تېرىشى كېرەك؟ قانداق نەرسە پىشقاندىن كېيىن ئۈستى، ئاستى لازىم بولماي پەقەت ئوتتۇرىدىكى لازىملىق بولىدۇ؟ دەپ سوراپ بېقىش كېرەك.)

15. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھوسۇل يىغىدىغان پەسىل يېتىپ كەپتۇ. پاھ، ئېيىقچاق كۆممىقوناق تېرىپتىكەن ئەمەسمۇ! ئېيىقچاق: «قارا، ئۈستى، ئاستىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، ئوتتۇرىدىكى مېنىڭ» دەپتۇ.

16. تۈلكە ئىلاجسىز سالپايغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئېيىقچاقنى ئالدىيالمايدىغان بوپتۇ.

**ئەسكەرتىش**

بىلەمسىز؟ كۆممىقوناق، دادۇر، كۆك پۇرچاق، شال، بۇغداي، ئاققوناق قاتارلىقلار ئاشلىق زىرائىتى، پىدىگەن، پەمدۇر، كۆك لازا قاتارلىقلار كۆكتات ۋە خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ ئۇلار يەر يۈزىدە ئۆسىدۇ، يېتەرلىك قۇياش نۇرى بولغاندىلا ئاندىن پىشىدۇ. كاۋا، تاۋۇز، تەرخەمەك قاتارلىقلار قاپاق ئائىلىسى ئۆسۈملۈكلىرى بولۇپ يەر يۈزىدە يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، ئۇلار قۇياش نۇرى ۋە ئىسسىقلىققا موھتاج.

يېسىۋىلەك (بەسەي)، خام سەي (شىڭسەي)، پالەك، كەرەپشە (چىڭسەي)، كۆدە قاتارلىقلار يەر ئۈستىدە ئۆسۈپ، يېشىل سەي دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇرۇپ، سەۋزە، سامساق، ياڭيۇ، خاسىڭ قاتارلىقلار تۈگۈنەك غول ياكى تۈگۈنەك يىلتىز كۆكتاتقا تەۋە بولۇپ، يەر ئاستىدا ئۆسىدۇ.




# قابىل ئاشپەز

ئېيىق قابىل ئاشپەز بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كۆپ مەززىلىك تائاملارنى پىشۇردى. بۇ مەززىلىك تائاملارنى نېمىدە ئەتتى؟

بالىغا شال ۋە بۇغدايدىن ئىبارەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى خىل زىرائەتنى تونۇتۇش. بالىنى يەنە قايسى مەززىلىك تائاملارنىڭ گۈرۈچ ياكى ئۇندا ئېتىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشقا يېتەكلەش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈركە ئايرىش (1)

بالىغا مېۋە، كۆكتات ۋە ئاشلىقنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىش.

**ئەسكەرتىش**

كۆممىقوناق ئىسسىققا ئامراق، ئۇنىڭ ئۆستىگە كۆپ مىقداردا سۇغا موھتاج. شاپتۇل مېۋىسى ئاق ياكى سېرىق بولىدۇ، شۆپۈكى تۈكلەش بولىدۇ. نەشپۈت چۇرۇك، سۇلۇق بولۇپ، تەركىبىدە مول ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار بولىدۇ. سەۋزە ئەتلىك، پۇراقلىق بولۇپ تەركىبىدە مول كاروتىن بولغان بولىدۇ.



# گۈل تەردىم (بالىلار قوشىقى)

(زاماندىن پاكزات)

ئەدىم ـ بەدىم، گۈلشەدىم،
ئېرىق ئېلىپ گۈل تەردىم.
گۈل ئېچىلدى رەڭمۇ رەڭ،
ئۈزدۈق كېلىپ تەڭمۇ تەڭ،
گۈلگە قوندى كېپىنەك.

ئالا ـ بۇلا ئاق پىلەك.
قوغلاپ بارساق، ئۇچۇپلا —
گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپلا،
قېچىپ كەتتى يىراققا،
گۈلنى قىستۇق قۇلاققا.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بالىغا بۇ قوشاقنى يادلاشنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە بۇ گۈللەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكۈزۈپ، گۈللەردە قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش.







## ئەسكەرتىش

بالىغا گۈللەردە ھەر خىل شەكىل ۋە رەڭلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى؛ گۈللەردە گۈللەرنىڭ ئاتىلىقى ۋە ئانىلىقى، گۈل بەرگى، گۈل تەگلىكى بولىدىغانلىقىنى. گۈلنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا غۇنچە، ئېچىلغاندىن كېيىن گۈل ھالىتىگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى؛ چېچىكى تۆكۈلگەندىن كېيىن مېۋە تۇتىدىغانلىقى ياكى ئۇرۇقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش.

بالىغا يەنە گۈللەرنىڭ ئۆسۈپ-ئېچىلىش جەريانىدىن قارىغاندا، بىر خىل گۈلنىڭ تەگسىمان غولدىن تېشىپ چىقىدىغانلىقىنى، يەنە بىر خىل گۈللەرنىڭ قىشتا ئۇخلاپ باھاردا ئويغىنىپ چېچەكلەيدىغانلىقىنى، يەنە بىر خىل گۈللەرنىڭ ئۇرۇقتىن ئۆسۈپ چىقىپ چېچەكلەپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يېڭى ئۇرۇق تۇتقاندا قۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

# يولدىن ئېزىپ قالغاندا



دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز سىزنى باغچىغا ئوينىغىلى ئاپارغاندا، ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن يولدىن ئېزىپ قالسىڭىز قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟

① بۇرۇنقى ئورۇندا مىدىرلىماي تۇرۇپ، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ سىزنى شۇ يەرگە ئىزدەپ كېلىشىنى ساقلاش؛

② كىچىك دۇكاندىن بىرنى تېپىپ، تېلېفون ئارىيەتكە ئېلىپ چوڭلارغا تېلېفون بېرىش؛






③ باشقۇرغۇچى خادىمنى ئىزدەپ چوڭلارنى تېپىشىپ بېرىشكە ياردەم سوراش؛



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



④ رادىئوئۇزېلدىكى ھەدىگە دەپ «ئادەم ئىزدەش ئۇقتۇرۇش»ى ئاڭلىتىش؛




⑤ 110نــى چاقىرىــپ ياردەم سوراش.

## ئەسكەرتىش

تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ: بەزىدە چوڭلار بالىلارنى كىتابخانا، تالللا بازىرى، ئاۋات بــازار، كۆرگەزمىخانا قاتارلىق ئادەم كۆپ سورۇنلارغا ئاپىرىدۇ. بالىلار بەزىدە چوڭلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشــقا بالىغا چوقۇم بەزى مەسىلىلەرنى ھــەل قىلىش، ئەھۋالغا قــاراپ ئىش تۇتۇش قابىلىيىتىنــى ئۆگىتىپ، ئۇلاردا ئۆزىنى قوغداش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش لازىم.



# قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن قاپ تاشلايدۇ

1. كىچىك كاراپ بېلىقى قىسقۇچپاقا بىلەن بىللە ئويناماقچى بولۇپ ئىزدەپتۇ. ئىزدە ـ ئىزدە تاپالماپتۇ. ئۇ سۇ ئۆسۈملۈكىدىن سوراپتىكەن، سۇ ئۆسۈملۈكى مۇنداق دەپتۇ: «ئۇ قاپ تاشلىغىلى يوشۇرۇنۇۋالدى.»

2. «ئۇ نېمە ئۈچۈن قاپ تاشلايدۇ؟» كىچىك كاراپ بېلىقى چۈشىنەلمەي بىرىپ قۇلۇلىدىن سورىدى: «قىسقۇچپاقا نېمىشقا قاپ تاشلايدۇ؟» قۇلۇلە بېشىنى چايقىدى.

3. «سىزمۇ قاپ تاشلامسىز؟» كىچىك كاراپ بېلىقى سوراپتۇ قۇلۇلىدىن. قۇلۇلە دەپتۇ: «مېنىڭ قېپىم بەدەن ئۆزگىرىشىمگە ئەگىشىپ چوڭىيىدۇ. ئۇنى تاشلىۋېتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.»



4. كىچىك كاراپ بېلىقى سەدەپ قۇلۇلىسىنى كۆرۈپ ئۈنىگدىن سوراپتۇ: «قىسقۇچپاقا نېمىشقا قاپ تاشلايدۇ؟» سەدەپ قۇلۇلىسى بېشىنى چايقاپتۇ.

5. «سىزمۇ قاپ تاشلامسىز؟» دەپ سوراپتۇ كىچىك كاراپ بېلىقى سەدەپ قۇلۇلىسىدىن. قۇلۇلە دەپتۇ: «مېنىڭ قېپىم بەدىنىمنىڭ يۇمىلاقلىشىشىغا ئەگىشىپ سىرتقا چوڭىيىدۇ، قاپ تاشلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

6. كىچىك كاراپ بېلىقى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسىدىن سوراپتۇ: «ئانا، قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن قاپ تاشلايدۇ؟» ئانىسى بېشىنى چايقاپتۇ. «بىز نېمىشقا قاپ تاشلىمايمىز؟» يەنە سوراپتۇ كىچىك كاراپ بېلىقى. ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەخمەق بالام، بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى قاسىراق، قاپ ئەمەس. قاسىراقىمىز بىر يىلدا بىر ئايلانما چوڭىيىدۇ. ئۇلارنىڭ قانچە ئايلانما بولغانلىقىنى ساناپ باقساقلا بىزنىڭ يېشىمىزنى بىلگىلى بولىدۇ!»



7. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كىچىك كاراپ بېلىقى قىسقۇچپاقىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ـ دە، ئالدىراپ سوراپتۇ: «سەن نېمىشقا قاپ تاشلايسەن؟» قىسقۇچپاقا دەپتۇ: «كونا قاپنى تاشلاپ، يېڭى قاپ يەڭگۈشلىسەم، چوڭ بولىمەن ئەمەسمۇ!» كىچىك كاراپ بېلىقى قىسقۇچپاقىغا قاراپ: ھوي، راستتىنلا ئىلگىرىكىدىن چوڭ بولۇپ قاپسەنغۇ!

كاراپ بېلىق، قۇلۇلە، سەدەپ قۇلۇلىسى، قىسقۇچپاقا قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەش.



**ئەسكەرتىش**

*بالىغا سۆزلىتىپ بېقىڭ: قۇلۇلە، سەدەپ قۇلۇلىسى، كاراپ بېلىقى قاتارلىقلار نېمىشقا قاپ تاشلىمايدۇ؟ قىسقۇچپاقا نېمىشقا قاپ تاشلايدۇ؟*








# ئۆلاردىن قايسىسى ئۆزگەردى






بالىغا ئۈستىدىكى بىر گۇرۇپپا رەسىملەردىكى ھايۋانلارنىڭ، ئاستىدىكى بىر گۇرۇپپا رەسىمدىكى قايسى ھايۋاندىن ئۆزگەرگەنلىكىنى سۆزلىتىپ بېقىڭ.

**ئەسكەرتىش**

ھايۋانلار تۇغۇلىدىغان ھايۋانلار ۋە تۇخۇمدىن كۆپىيىدىغان ھايۋانلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: تۇغۇلىدىغان (سۈت ئەمگۈچى) ھايۋانلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك بولۇپ، ھەممىسى تۇغىدۇ ھەمدە ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ. تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدىغان ھايۋانلاردىن ئۇچار قاناتلار ۋە ئۆي قۇشلىرىدىن باشقا، بېلىق، پاقا، يىلان، قۇلۇلە، قۇرت ـ قوڭغۇز، ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار ھەممىسى تۇخۇم ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئالما كۆچىتىنىڭ دوختۇر تەكلىپ قىلىشى

1. مېۋىلىك باغدا بىر تۈپ قېرى ئالما دەرىخى بىلەن كىچىك بىر تۈپ ئالما كۆچىتى بار ئىدى. بىر كۈنى قېرى ئالما دەرىخى مۇنداق دەپتۇ: «مەن ئاغرىپ قالدىم، بىر نەچچە تال قۇرت بەدىنىمنى تېشىپ مېنى غاجىلاپ ئۆلتۈرۈپ قويايلا دېدى.»

2. ئالما كۆچىتى قارىسا، قېرى ئالما دەرىخىنىڭ غازاڭلىرى سارغىيىپ، بەدىنى توختىماي تىترەپ ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتقۇدەك. ئۇ قېرى ئالما دەرىخگە ئۇستا بىر دوختۇر تەكلىپ قىلىپ بېرىشكە بەل باغلاپتۇ.

3. سېغىزخان ئۇچۇپ كەپتۇ، ئالما كۆچىتى دەرھال: «سېغىزخان، سىز چوڭئانامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ باقسىڭىز، ئۇنىڭ بەدىنىدە قۇرت بار!» دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



4. كىچىك سېغىزخان: «مەن پەقەت دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىكى قۇرتنىلا تۇتالايمەن.» دەپتۇ. ئالما كۆچىتى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپتۇ.

5. كېچىدە بىر مۈشۈكياپىلاق ئۇچۇپ كەپتۇ، ئالما كۆچىتى دەرھاللا: «مۈشۈكياپىلاق، سىز چوڭئانامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ باقسىڭىز، ئۇنىڭ بەدىنىدە قۇرت بار!» دەپتۇ.



6. مۇشۇكياپلاق: «مەن چاشقاننلا تۇتالايمەن، دەرەخ غولىدىكى قۇرتنى تۇتالمايمەن.» دەپتۇ. ئالما كۆچتى يەنە ئۇمىدسىزلەنگەن هالدا بېشنى ساڭگىلىتىپتۇ.



7. ئىككىنچى كۈنى، بىر تۆمۈر تۇمشۇق ئۇچۇپ كەپتۇ.

8. تۆمۈر تۇمشۇق قېرى ئالما دەرىخنىڭ ئۈستىدە توختىماي سەكرەشكە باشلاپتۇ، هەمدە قاتتىق تۇمشۇقىدا دەرەخنى كۈچ بىلەن چوقۇلاشقا باشلاپتۇ. ئالما كۆچتى ئاچچىقلانغان هالدا: «سىزنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ چوڭئانام ئاغرىق تۇرسا!» دەپتۇ.



9. تۆمۈر تۇمشۇق كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۇنىڭدا قۇرت بارلىقىنى كۆردۈم، بۇنداق قىلغىنىم ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىغىنىم!» دەپتۇ. تۆمۈر تۇمشۇق سېسىغان دەرەخ قوۋزىقىنى چوقۇلاپ ئېلىۋېتىپ تۆشۈك ئېچىپ، ئىچىدىن سېمىز قۇرتتىن بىرنى قىسىپ ئاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



10. تۆمۈر تۇمشۇق ئۇدا بىر نەچچە كۈن كېلىپ قېرى ئالما دەرىخىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي قېرى ئالما دەرىخىنىڭ غولىدىكى قۇرتلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈر تۇمشۇق تەرىپىدىن پاك-پاكىز تۇتۇپ تۈگىتىلىپتۇ.



11. قېرى ئالما دەرىخىنىڭ كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، قېرى ئالما دەرىخى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ.

ئەسكەرتىش

بالىغا ئالما كۆچىتى قېرى ئالما دەرىخكە قايسى دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلغانلىقىنى، تۆمۈرتۇمشۇق قېرى ئالما دەرىخىنىڭ كېسىلىنى قانداق داۋالىغانلىقىنى سۆزلىتىش.



1. ئاق توشقان بىرىنچى قېتىم مومىسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بوپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭغا مومىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئورمانلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئىكەنلىكىنىلا دەپ بېرىپتۇ.

# ئەقىللىق ئاق توشقان



2. ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ، جەنۇب تەرەپ قايسى يۆنىلىشتە بولار!



3. «ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئانام ئەتىگەندە قۇياش چىققان تەرەپنىڭ ئوڭ تەرىپى جەنۇب بولىدۇ، دېگەن ئىدى.»



4. ئاق توشقان ئوڭغا بۇرۇلۇپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

5. هاۋا تۇتۇلۇپ، قۇياش بوۋا كۆرۈنمەي قالدىغۇ، چاتاق بولدى!

6. ئۇ يول ياقىسىدا بىر دەرەخ كۆتىكىنى كۆرۈپ، دادىسىنىڭ دەرەخنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى يۈزىگە قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، يىل halqisimu كەڭرەك بولىدۇ دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

7. شۇنداق قىلىپ ئاق توشقان مومىسىنىڭ ئۆيىنى تېپىۋالدى، مومىسى ئۇنى ماختىدى.

**ئەسكەرتىش**

بەش، ئالتە ياشلىق بالىلارغا ئوڭ- سولنى پەرق ئېتىشتىن باشقا يەنە ئانا ئۇنىڭغا ئاددىي بولغان تەرەپلەرنى پەرق ئېتىش بىلىملىرىنى ئۆگىتىشى كېرەك. مەسىلەن، ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىك- دېرىزىلىرى قايسى تەرەپكە قارايدۇ... دېگەندەك.


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



① رەتكە تزىلغان ۋاقتتا ؛

# مەدەني ھەركەت



سزنگچه ، رەسملەردكى خۆڭ خۆڭ بلەن لەننڭ قايسسسنڭ قلغنى توغرا ، كمدن ئۆگنش كېرەك؟

② تاماق يېگەن ۋاقتتا ؛



③ تېلېفون بەرگەندە:



④ چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندا:





⑤ باشقىلارنىڭ ئويناۋاتقىنىنى
كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ ئوينىغۇسى
كەلگەندە؛



www.uyghurkitap.com



⑥ قولىدا مېۋە شۆپىكى بولۇپ، ئەخلەت تۇڭىنى
تاپالمىغان ۋاقىتتا؛

⑦ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاندا؛

⑧ چوڭلار ئۇخلاۋاتقاندا؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



⑨ چوڭ يولدىن ئۆتكەندە؛



⑩ ئورۇندۇقنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقىتتا؛



**ئەسكەرتىش**

چوڭلار ئاۋۋال بالىلارغا رەسىملەرنى نۆۋەت بىلەن كۆرسىتىپ ئۇلارنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، بالىغا ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ بىر قاتار مىزانلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە بالىنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشكە يېتەكلەش كېرەك.



# ئائىلەم

سىز ئۆيىڭىزنىڭ ئادرېسىنى، ئۆيىڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەرنى شۇنداقلا ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە كەسپىنى بىلەمسىز؟ ئۇنداق بولسا ئېيتىپ بېقىڭ، سىزىپ بېقىڭ، يېزىپ بېقىڭ.

① مېنىڭ ئۆيۈم ______ يېڭى كەنت، ______ كورپۇس ______ ئىشىك ______ ئۆي، ئىشىك نومۇرى ______ .

② ئۆيۈم ____ ئېغىز ____ زال. ئۇنىڭ ئىچىدە ھوجرا ئۆي ____ ئېغىز، كىتابخانا ____ ئېغىز، تازىلىقخانا ____ ئېغىز، مېھمانخانا ____ ئېغىز، باشقا ئۆيلەر ______ ئېغىز.

③ ئۆيۈمگە يېقىن جايدا نۇرغۇنلىغان ئاپتوبۇسلار بار، ____ يول ئاپتوبۇس بىلەن ______ غا بارغىلى، ____ يول بىلەن ______ غا بارغىلى، ____ يول بىلەن ______ غا بارغىلى بولىدۇ.

④ ئۆيۈمگە يېقىن ئەتراپتا يەنە نۇرغۇنلىغان ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر بار بولۇپ، تۇرمۇشىمىزغا قولايلىق تۇغدۇرغان. ______، ______، ______ بار، يەنە ____ بار.

⑤ ئانامنىڭ ئىسمى ______، ______ خىزمەت قىلىدۇ. دادامنىڭ ئىسمى ______، ______ خىزمەت قىلىدۇ.

⑥ بوۋامنىڭ ئىسمى ـــــ، ھازىر پېنسىيونېر ياكى ئىلگىرى ـــــ خىزمەت قىلغان. ئۇ ـــــ نىڭ دادىسى، ـــــ بوۋام.
مومامنىڭ ئىسمى ـــــ، ھازىر پېنسىيونېر ياكى ئىلگىرى ـــــ خىزمەت قىلغان. ئۇ ـــــ نىڭ ئانىسى، ـــــ مومام.
يەنە بىر بوۋامنىڭ ئىسمى ـــــ، ھازىر پېنسىيونېر ياكى ئىلگىرى ـــــ خىزمەت قىلغان. ئۇ ـــــ نىڭ دادىسى، ـــــ بوۋام.
يەنە بىر مومامنىڭ ئىسمى ـــــ، ھازىر پېنسىيونېر ياكى ئىلگىرى ـــــ خىزمەت قىلغان. ئۇ ـــــ نىڭ ئانىسى، ـــــ مومام.

### ئەسكەرتىش

بالىغا سۆزلىتىش، سىزدۇرۇش، يازدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى بىلدۇرۇش، بۇلارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بالىنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئايرىلغىلى بولمايدىغان باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش. بالىغا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، يەنى رەسىم سىزىش شەكلى، ياكى بەلگىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇلارنى ئەستە ساقلىشىغا ئىلھام بېرىش.



www.uyghurkitap.com














# تۈرگە ئايرىش (2)

ئانا بالىنى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى بويىچە تۈرگە ئايرىشقا يېتەكلەش.

(جاۋابى: ئۆي سايمانلىرى، قازان - قومۇچ، يېزىش - سىزىش قوراللىرى، يامغۇر قوراللىرى، چىنە - چەينەك، ھەر خىل سايمان قاتارلىقلارنى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

# يوپۇرماقنىڭ ئانىسىنى كۆرۈشى



1. چاشقانچاق غازاڭنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ يىغقان ھەر خىل غازاڭلىرى چوڭ بىر ساندۇق چىقاتتى!

2. بىر كۈنى، چاشقانچاق ساندۇقتىن چىقىۋاتقان بوش يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ دەرھال ئېچىپ قارىۋىدى، ھە، ئەسلىدە غازاڭلار يىغلاۋاتقان ئىكەن!

3. «سىلەر نېمىشقا يىغلايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ چاشقانچاق ئەجەبلەنگەن ھالدا. «بىز بۇ يەرگە كەلگىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى، دەرەخ ئانىمىزنى ھەقىقەتەن بەكمۇ سېغىندۇق!» دەپتۇ غازاڭلار خىجىل بولغان ھالدا.

www.uyghurkitap.com



4. «بۇ ئوغاي، بۇ ئوغاي!» چاشقانچاق مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئەتە، مەن سىلەرنى ئۆسۈملۈك باغچىسىغا ئاپارسام سىلەر دەرەخ ئاناغلارنى كۆرەلەيسىلەر!» دەپتۇ.

5. ئىككىنچى كۈنى، چاشقانچاق ساندۇقنى يۈدۈپ ئۆسۈملۈك باغچىسىغا كەپتۇ. پاھ، بۇ يەردىكى دەرەخ نېمدىگەن كۆپ - ھە! غازاغلارنىڭ ئانىسى كىمدۇ؟ چاشقانچاق ناھايىتى تەگلىكتە قاپتۇ.

6. شامال ئانا مۇنداق دەپتۇ: «چاشقانچاق مەن ساڭا ياردەملىشەي!» ئۇ ساندۇقتا قاراپ بوش بىر پۈۋلىگەن ئىكەن، غازاغلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇشقا باشلاپتۇ.



7. غازاڭلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىردەمدىلا ھەممىسى ئۆزىنىڭ دەرەخ ئانىلىرىنى تېپىۋاپتۇ. چاشقانچاق خۇشال بولغىنىدىن كۈلۈپ كېتىپتۇ.

بۇ ھېكايە ئارقىلىق، ئانا بالىغا بىر نەچچە خىل كۆپ ئۇچرايدىغان دەرەخلەرنى تونۇتۇش.

**ئەسكەرتىش**

ئانا ئەڭ ياخشىسى بالىنىڭ ئۆزىگە كۆپرەك كۆزەتكۈزۈش، سېلىشتۇرغۇزۇش شۇنداقلا دەرەخ شەكلى ۋە يوپۇرماقلاردا قانداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





# دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت گېربى



بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق بىزنىڭ دۆلەت بايرىقىمىز، ئۇ ۋەتىنىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەر قېتىم بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق چىقىرىلغاندا دۆلەت شېئىرى ئورۇنلىنىدۇ. سىز دۆلەت شېئىرىنى ئېيتالامسىز؟ يەنە دۆلەت گېربى بار، سىز كۆرگەنمۇ؟ كېلىڭ، ئۇلار بىلەن تونۇشايلى!

www.uyghurkitap.com







## ئەسكەرتىش

بالىغا چوڭ بايرام، يىغىن ياكى تەنھەرىكەتچىلەر چېمپىيونلۇقنى ئالغان زور ئەھمىيەتلىك مۇھىم ۋاقىتلاردا دۆلەت بايرىقى چىقىرىلىدىغانلىقى ۋە دۆلەت شېئىرى ئورۇنلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش؛ بالىغا دۆلەت شېئىرىنى ئۆگىتىش؛ دۆلەت گېربىدىكى رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈش؛ ئوتتۇرىدىكى بەش يۇلتۇز تىيەنئەنمېنگە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، تۆت ئەتراپىدىكى بولسا باشاق ۋە چىشلىق چاق.





# تۆت چوڭ كەشپيات

جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان، ئەقل - پاراسەتلك. قەدمدە جۇڭگونڭ تۆت چوڭ كەشپياتى دۇنياغا تونۇلغان. ئۇلار كومپاس، قەغەز ياساش تېخنكسى، مخ مەتبەئە، پۇرۇختن ئبارەت.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئەسكەرتىش

ئالدى بىلەن بالىغا تۆت چوڭ كەشپىياتنى ئەستە ساقلىتىش، ئاندىن ئەستە ساقلاش داۋامىدا، تۆت چوڭ كەشپىياتنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈش: ① كومپاس كەشپ قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر دېڭىز سەپىرىدە، هاۋا يولى، ئورمانلىق ۋە قۇملۇقلاردا نىشاندىن ئېزىپ قالمىغان؛ ② قەغەز كەشپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر خەتنى بامبۇك پارچىسى، تاختايلارغا يېزىپ بەكمۇ قۇلايسىز بولغان. سەيلۇن قەغەزنى كەشپ قىلغاندىن كېيىن، خەت يېزىش ۋە رەسىم سىزىشلار ناهايىتى قۇلايلىقلاشقان؛ ③ بى شېڭ مىخ مەتبەئەنى كەشپ قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر يېزىق باسمىسىدا ھەم تېزلەشكەن ھەم كۈچ تېجەلگەن؛ ④ پوروختىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى كىشىلىرى كەشپ قىلغان بولۇپ، پوجاڭزا، قورال - ياراغ، زەمبىرەكلەرنى ياساشتا پوروختىن ئايرىلالمايدۇ.











# ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى

سىز بۇ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى دېيەلەمسىز؟ قېنى دەپ بېقىڭ!

**ئەسكەرتىش**

ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تۇرمۇشىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بالىنىڭ ئۇلارنىڭ نامىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى بىلىشى ناھايىتى زۆرۈر، شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىغا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش تەربىيىسى بېرىش لازىم. ئېلېكتر سايمانلىرىدىن بالىنى زەخىملەندۈرۈش ئېھتىمالى بولغان ۋە كىچىك بالا قىلالمايدىغانلىرىنى ھەرگىز بالىغا تۇتقۇزماسلىق كېرەك. بىراق بەزى ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى چوڭلار بالىلارغا ئۆگىتىپ قويسا، بالىنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، مەسىلەن، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، ئىشىك قوڭغۇرىقى، تېلېفون، ئاۋاز ياڭراتقۇ، VCD قاتارلىقلار.




www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى بايراملار

بەزى بايراملارنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىللە ئۆتكۈزىدۇ، يەنە بەزى بايراملاردا ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. قېنى بىز باي مەزمۇنلۇق ھېيت-بايراملارنى چۈشىنىپ باقايلى!

## خەلقئارالىق بايراملار



5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەمگەكچىلەر بايرىمى (1-ماي)



3-ئاينىڭ 8-كۈنى ئاياللار بايرىمى (8-مارت)




6-ئاينىڭ 1-كۈنى بالىلار بايرىمى (1-ئىيۇن)

1-ئاينىڭ 1-كۈنى يېڭى يىل بايرىمى





4 ـ ئاينىڭ 4 ـ، 5 ـ،
6 ـ كۈنلىرى چوكاتال
بايرىمى



8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (قەمەرىيە
كالېندارى) تاۋۇز چاغىنى



جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى
بايراملىرى

قەمەرىيە كالېندارى بويىچە
1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باھار
بايرىمى



5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى (قەمەرىيە
كالېندارى) ئاژدىزا چاغىنى



10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
دۆلەت بايرىمى



1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى
(قەمەرىيە كالېندارى)
پانۇس بايرىمى




**ئەسكەرتىش**

بالىغا بايرام ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى ھېس قىلدۇرۇپ، بالىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى قوزغىتىشتىن ئىبارەت.

翻译：美力克·阿不都卡的
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：海衣尔尼沙
美术编辑：万俭
装帧设计：万俭　徐洁
民文封面设计：金晔

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەۋسىيە قىلغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئوقۇشلۇقى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا



ئەقىل ـ پاراسەت قىسمى

ھېكايىلەر قىسمى

ئومۇمىي ساۋات قىسمى

ISBN 978-7-105-09503-2
9 787105 095032 >
定价:5.00元